## 100209 ـ بىر دۇكاندىن كېيىم سېتىۋېلىپ كېيىن بۇ دۇكاننىڭ ئوغۇرلانغان كىيىملەرنىمۇ ساتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىك توغرىسىدا

### سۇئال

مەن دوستۇم ئاچقان بىردۇكاندىن كىيىم سېتىۋالدىم، كېيىن بۇ دۇكاندا ئوغۇرلانغان كىيىملەرنىڭ سېتىلىدىغانلىقى ئاشكارا بولدى، هازىردىن باشلاپ بۇ دۇكاندىن بىر نەرسە سېتىۋېلىشنىڭ ماڭا هالال بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم، لېكىن بۇنى بىلىشتىن ئىلگىرى سېتىۋالغان كىيىملەرنى قانداق قىلىمەن؟، ئۇنى كىيىم هالال بولامدۇ؟. بۇ هەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاهنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: بۇ دۇكاننىڭ ئوغۇرلانغان نەرسىلەرنى ساتىدىغانلىقى ئاشكارا بولغاندا، ئۇ دۇكاندىن بىر نەرسە سېتىۋېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئوغۇرلانغان نەرسە ئوغرىنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش توغرا بولمايدۇ،

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات، پەتىۋا كومىتېتىدىن: بەزى ۋاقىتتا بازارغا ئوغۇرلاغان نەرسىلەر كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ ئارىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنىڭ بىلىنمەسلىكى ياكى بەزى ئۆسكىنىلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلمەسلىك ياكى سېتىلىدىغان باهاسىنىڭ  شۇنداقلا قەيەردىن سېتىۋالغانلىقىنى بىلمەسلىك ساتقۇچىغا بۇنىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ؟ بۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "ئىنسان ساتقىلىقى بازارغا سېلىنغان مالنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى ياكى بۇلانغانلىقى ياكى شەرئى تەرەپتىن ئىگىدارچىلىقى بولمىغان ياكى سېتىش ۋاكالەتچىسى بولمىغان كىشىنىڭ نەرسىلەرنى بازارغا سالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ۋاقتىدا، ئۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشى ئېنىقلا هارام بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش، گۇناهـ مەسىيەت ۋە دۈشمەنلىككە ياردەم بەرگەنلىك، مالنىڭ هەقىقى ئىگىسىگە قايتىشىنى يوقىتىپ قويغانلىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلارنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بۇنداق كىشىلەر بىلەن گۇناهقا ئورتاق بولۇش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ  تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناهقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاهنىڭ ئازابى هەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە 2-ئايەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ماللارنىڭ ئوغۇرلانغان ياكى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋېلىنغان يەنى بۇلانغان مال ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئوغرىلىغان كىشىگە چىرايلىقچە مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ ئوغرىلىغان مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا كۆندۈرۈش كېرەك، ئەگەر ئوغرى قايتۇرماي، ئۆزۈمنىڭ دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، ھەقنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ۋە جىنايەتچىنى قىلمىشىغا قارىتا جازالاندۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بىلدۈرۈش كېرەك. بۇ ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىققا ياردەم بېرىش يوللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىشتا زالىمنى زۇلمىدىن قايتۇرۇش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ". ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى"13-توم 81-بەت].

ئىككىنچى: ئوغۇرلانغان مالنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالغان كىشى ئۇنى قايتۇرۇپ، سېتىۋالغان كىشىدىن پۇلىنى ئېلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ سودا توغرا بولمايدۇ، ئەمما مالنى سېتىۋېلىپ كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇرلانغانلىقىدا شەك قىلىپ، كەسكىن بىلەلمىگەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى سودىنىڭ ئەسلى توغرا بولغان.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.